# «ئىنجىل

# مۇقەددەس»

# ئۆزگەرتىۋېتىلگەنمۇ؟

# «ئىنجىل مۇقەددەس»
# ئۆزگەرتىۋېتىلگەنمۇ؟

يېقىندا بىر مۇسۇلمان كىشى ئەيسا مەسىھ مۇخلىسىدىن (مەسىھىي) بولغان بىر دوستى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ: ــ

«كىشىلەر قانداق قىلغاندا ئەيسا-ئەلەيھىسسالام (سىلەر دەپ ئېيتىۋاتقان مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى) توغرۇلۇق كۆپرەك بىلەلەيدۇ؟».
بۇ مۇخلىس ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا:

«مېنىڭچە سىز «يېڭى ئەھدى»نى، يەنى «ئىنجىل» دەپ ئاتالغان مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. بۇ كىتابنى مۇخلىسلار ئەيسا مەسىھنى تونۇش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. «مەسىھ» دېگەن، قۇتقۇزغۇچى ھەم كەلگۈسى ئالەمنىڭ پادىشاھى دېمەكتۇر. بۇ كىتاب سىزنىمۇ ئىنتايىن زور بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ مۇسۇلمان ئۆز دوستىنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە كېيىن بىر پارچە مۇقەددەس ئىنجىلغا ئىگە بوپتۇ.

غەلىتە يېرى شۇكى، بەزى مۇسۇلمانلار ئىنجىلدىن گۇمان قىلىشىدۇ. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىنجىلنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان ئەيسانىڭ مۇخلىسى بولغان دوستلىرىدىن مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكى توغرۇلۇق سوئال سورىشىدۇ. بىر مۇسۇلمان بىر قېتىم مۇنداق دەپ سورىغان: ــ

«مۇقەددەس ئىنجىل خرىستىئانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەنمۇ ئەمەسمۇ؟».

يەنە بىرسى:

«مۇقەددەس ئىنجىل ئۇلۇغ شان-شەرەپلىك قۇرئان تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى قۇرئان ئىگىلىگەن ئەمەسمۇ؟» ــ دەپ سورىغان.

يەنە بىرسىمۇ مۇنداق دېگەن: ــ

«ئەيسا جەننەتكە چىققان چاغدا ئۇنىڭ مۇقەددەس ئىنجىلىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىز بىلىمىز. سىلەر ئوقۇۋاتقان بۇ كىتاب ھەقىقىي ئىنجىل ئەمەس».

بۇ مۇخلىس مۇقەددەس ئىنجىل توغرۇلۇق پات-پاتلا مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى مۇسۇلمان دوستلىرىنىڭ مۇقەددەس ئىنجىل توغرۇلۇق نېمىشقا مۇشۇنداق گۇماندا يۈرۈۋاتقانلىق سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ گۇمانلىرىنىڭ ئۆز ئۇستازلىرى تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى بايقىغان. چۈنكى ئۆز مەھەللىسىدىكى موللىلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن، مەسىھىيلەر بىز بىلەن

ئورتاقلاشماقچى بولغان ئىنجىلنى رەت قىلىشىمىز لازىم، دەپ قارىغان. بۇ مۇخلىس ئىسلام دىنى موللىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان چاغلىرىدا بەزى موللىلار ئۇنىڭغا: ــ

«ئۇلۇغ شان-شەرەپلىك قۇرئاندا يېزىلغاندەك خرىستىئانلار ھازىر ئوقۇۋاتقان ئىنجىل ئۆزگىرىپ كەتكەن» دېگىنىدە، ئۇ ئاشۇ موللىلارنىڭ بىرىگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: ــ

«موللام، مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرەر ئايەتنى قۇرئاندىن ماڭا بايان قىلىپ بەرسىڭىز، ياكى كۆرسىتىپ بەرسىڭىزچۇ؟ مەنمۇ ئۆزۈم ئۇچۇن مۇشۇنداق ئىسپاتنى بىلىۋالاي».

ئۇ موللام ئۇنىڭغا: ــ

«ھازىرىنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق ئايەتنى ئەسلىيەلمىدىم»، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە بۇ مەسىلە توغرۇلۇق بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بۇ شۇ مەسىھ مۇخلىسىغا: ــ

«مەن ئۇلۇغ شان-شەرەپلىك قۇرئاندىن پايدىلىنىپ ئاندىن سىزگە شۇنداق ئايەتلەرنى كۆرسىتىپ قويايكى، شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆز قولىڭىزدىكى ئىنجىلنىڭ ھەقىقىي ئىنجىل ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالىسىز» ــ دېگەن.

بىراق ئۇ بۇنى ئىسپاتلىيالالمىغان. ئەمەلىيەتتە بۇ موللام قۇرئاندىن مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان بىرەر ئايەتنى تاپالمىغاندى، لېكىن بۇ كىچىك ۋەقەنىڭ ئۆزى قۇرئاندا شۇنداق ئايەت مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ مۇخلىس مۇشۇنداق سۆزلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتى:

«ئۆزۈم قۇرئاننى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي ئوقۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى تېپىپ چىقاي»، دەپ ئويلىدى. گەرچە بۇ مۇخلىس ئۆزىنىڭ بايقىغانلىقىنى بۇ يەردە تولۇق تەپسىلاتلىرى بىلەن بايان قىلىپ بېرەلمىسىمۇ، تۆۋەندىكى ھەقىقەت سىزنى قىزىقتۇرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بولۇپمۇ ئەگەر سىزمۇ ئەيسانىڭ مۇخلىسى بولغانلار ئوقۇۋاتقان ئىنجىلنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىگە قۇرئان گۇمان كەلتۈرىدۇ دەپ قارىسىڭىز، تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭ: —

(1) قۇرئان پات-پاتلا مۇقەددەس ئىنجىل (شۇنداقلا تەۋرات ۋە زەبۇر) ۋە مەسىھىيلەر («ناسارالار») توغرۇلۇق توختىلىدۇ.

(2) قۇرئاندا ئىنجىلنىڭ يول باشلىغۇچى ئىكەنلىكى ھەم ئۇنىڭدا يورۇقلۇقنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان. «سۈرە مائىدە» 46-ئايەت: —

***«ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى-ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئەيسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند-نەسىھەتتۇر».***

(3) قۇرئاندا ئىنجىل پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ يول باشلىغۇچىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. «سۈرە ئال-ئىمران» 3، 4-ئايەتتە: —

***«(ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (ئاللا) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى، كىشىلەرگە (ئىنسانلارغا) يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى. ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلارنى) نازىل قىلدى...».***

(4) قۇرئان يەھۇدىي ۋە مەسىھىيلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابىنىڭ، يەنى ئىنجىلنىڭ ۋە تەۋراتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. «سۈرە بەقەرە»، 113-ئايەتتە: ــ
***«يەھۇدىيلار «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى) ئوقۇيدۇ».***
(ئەمەلىيەتتە «ناسارالار» تەۋراتقا، زەبۇرغا ھەم ئىنجىلغا ئىشىنىدۇ، بەزىدە ئۇلارنى «كونا ئەھدە» ھەم «يېڭى ئەھدە» دەپ ئاتايدۇ).

(5) قۇرئاندا «مەسىھىيلەر مۇقەددەس ئىنجىلغا ئاساسەن «ھۆكۈم قىلىش»ى كېرەك» دېيىلگەن. «سۈرە مائىدە» 47-ئايەت: ــ
***«ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى-ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى «يەنى ئۇنىڭ ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى» ئېتىراپ قىلغۇچى ئەيسا ئىبنى-مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن***

***نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، «ئىنجىل» ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر «يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر»، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند-نەسىھەتتۇر. ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) ئاللا ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللا نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر».***

(6) ئىسلامىيەتنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد قۇرئاندىن گۇمان قىلغان ۋاقتىدا، قۇرئاننىڭ ئۆزى ئۇنىڭ «مۇقەددەس كىتابنىڭ خەلقى» (ئەرەبچە «ئەھل-ئال-كىتاب»، يەنى يەھۇدىي ۋە مەسىھىيلەر)دىن سوراپ بېقىشىنى تەكىتلەيدۇ. «سۈرە يۇنۇس» 94-ئايەتتە: —

***«مۇبادا سەن بىز ساڭا نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان (شۈبھىلىنىدىغان، گۇمان قىلىدىغان) بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار («ئەھل-ئال-كىتاب»، يەنى تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن سوراپ باقىن...».***

(7) قۇرئاننىڭ ھېچقانداق يېرىدە مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى كۆرسىتىلمىگەن.

بىزنىڭ مەسىھىي مۇخلىس دوستىمىز مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇكەممەللىكىنى قوللايدىغان قۇرئاندىكى ئىسپاتلارغا قاراپ، خېلى بەكلا ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇنۇلارنى ئويلىدى: —

«ئەگەر نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان دوستلارنىڭ دېگىنىدەك، مۇقەددەس ئىنجىل ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، قۇرئان قانداقمۇ مەسىھىيلەرنى «مۇقەددەس كىتابنىڭ خەلقى» ۋە «مۇقەددەس كىتابنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى» دەپ بايان قىلسۇن؟ ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولسا ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسا، ۋە ياكى (نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئېيتقىنىدەك) جەننەتكە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بولسا، قانداقلارچە قۇرئاندا مەسىھىيلەرنى ئىنجىلغا ئاساسەن «نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ بېرىلىدۇ؟ قۇرئاندا قانداقمۇ «مەسىھىيلەر ئۆزگەرتىۋەتكەن» بىر ئىنجىلغا، ياكى «ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان» بىر ئىنجىلغا ۋە ياكى «شۇ چاغدىكى مەسىھىيلەردە يوق» بولغان بىر ئىنجىلغا ئاساسەن «مەسىھىيلەر ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ ئېيتىلىدۇ؟ يەنە قانداق قىلىپ، «مۇقەددەس كىتابنىڭ خەلقى» (يەھۇدىي ۋە ناسارالار)نىڭ كىتابى ئۆزگىرتىلىپ كەتكەن بولسا، قۇرئاندا يەنە ئەگەر ئىسلامىيەتنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد قۇرئاندىن گۇمانلانسا، «مۇقەددەس كىتابنىڭ خەلقىدىن سوراپ باقسۇن» دېگەن نەسىھەتلەر ئۇنىڭغا بېرىلگەن؟ راست، مەلۇم سەۋەبتىن قۇرئان مەسىھىيلەرگە «ئۇلارنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىش» توغرۇلۇق نەسىھەت قىلغان. شۇنداقتىمۇ، قۇرئاننىڭ ھېچقانداق يېرىدە مەسىھىيلەر ئوقۇۋاتقان مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد-ئىشەنچىسىگە ماس كەلمەيدىغانلىقى بايان قىلىنمىغان. قۇرئاندا مەسىھىيلەرنىڭ بەزى قىلغانلىرى ياكى ئېتىقادى تەنقىد قىلىنغىنى بىلەن، بەربىر ئۇلارغا «ئىنجىل بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن» دېگەن نەسىھەت دەۋەت قىلىنىدۇ.

تارىخنىڭ ئۆزى مۇشۇلار توغرۇلۇق مول ئىسپات بەرمەكتە. مۇشۇ كىچىك كىتابچىدە شۇ ئىسپاتلارنى تەپسىلىي بىرەلمەيمىز، لېكىن كونا ئەھدە (يەنى تەۋرات-زەبۇر)دىكى ھەر بىر قىسمىدىن پەلەستىندىكى «كۇمران» دېگەن رايوندا قەدىمكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىلار تېپىلغان. بۇ قول يازمىلار ئاساسەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3-2 ئەسىردە يېزىلغان، دەپ ئىسپاتلانغان (دېمەك، ئىلگىرىكى كۆچۈرۈلمىلەردىن كۆچۈرۈلگەن). ئۇلار ھازىر قولىمىزدا بار بولغان تەۋرات-زەبۇرغا ئوپئوخشاش (تەۋرات-زەبۇرنىڭ 39 قىسمى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1800-405-يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان)

ئىنجىلغا كەلسەك، كولاپ چىقىلغان ياكى موناستىرلاردا ساقلاپ قالدۇرۇلغان، مىلادىيەدىن كېيىنكى 1-ئەسىر، 2-، 3-، 4-ئەسىردىكى نۇرغۇنلىغان كۆچۈرۈلمە نۇسخىلار بار (يەنە ئىلگىرىكى نۇسخىلىرىدىن كۆچۈرۈلۈپ يېزىلغان. ئىنجىلنىڭ ئەسلىدىكى 27 قىسمى مىلادىيەدىن كېيىنكى 52-96-يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان). بۇ قەدىمكى كۆچۈرۈلمىلەر، قولىمىزدا بار ھازىرقى ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلمىگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. سىز ھەرقانداق تارىخىي كۇتۇپخانىدىن شۇ پاكىتلارنى ئۆزىڭىز ئېنىقلىيالايسىز.

تۆۋەندە، بەزىدە مۇنازىرە بولىدىغان بىرنەچچە ئايەتلەر ئۈستىدە بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلايلى. «سۈرە ئال-ئىمران»، 78-ئايەت: —

***«ئۇلاردىن (يەنى يەھۇدىيلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابنى بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى-بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ***

***ۋە ئۇنى ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان، دەيدۇ. ....ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللا نامىدىن يالغان ئوقۇيدۇ».***

ئەگەر بىرسى «بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ كىتابنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كەرسەتمەمدۇ؟» ـ دەپ سورىسا، ئەمىلىيەتتە، شۇ ئايەت دەل شۇنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى مۇشۇ يەردە، كىتاب ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى «بىر تۈركۈم» ئادەملەر (بەزى يەھۇدىيلار) ئوقۇغان ۋاقتىدا خاتا تەلەپپۇز بىلەن مەنىسىنى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن قايرىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتاب ھامان تەۋراتتىن ئىبارەتتۇر.

«سۈرە نىسا»، 45-ئايەت:

***«يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق، بويسۇنمىدۇق، بىزگە قۇلاق سال، بىز ساڭا قۇلاق سالمايمىز» ـ دەيدۇ، دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن «رائىنا» دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ».***

بۇ ئايەتمۇ يۇقىرىقى مىسالغا ئوخشاش، يەنە «بىر تۈركۈم» ئادەملەرنىڭ تىللىرىنى «ئەگرى قىلىپ» خاتا تەلەپپۇز بىلەن تەۋراتنى ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس. ئوخشاش سۈرىدىكى تۆۋەندىكى ئايەتمۇ (46-ئايەت) بۇنىڭغا ئىسپات بېرىدۇ:

***«ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەنى يەھۇدىيلار)... ئۆزەڭلاردىكى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تەستىق قىلىدىغان، بىزگە نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار»***

ــ دېمەك، «ئۆزگەرتىلمىگەن كىتاب»، دەل ئۇلارنىڭ قولىدا بولغان، ئەينى ئۆزگەرتىلمىگەن تەۋراتتۇر.

«سۈرە مائىدە»، 13-ئايەتنىڭمۇ يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتكە ئوخشاش مەنىسى بار، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن دەل شۇ سۈرىدىكى 46-47 ئايەتلەرمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«سۈرە كەھف»، 27-ئايەتتە: «**ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ**» دېيىلىدۇ. مۇشۇ ئايەت خۇلاسە بولسۇن.

شۇنداق تۇرۇقلۇق، مۇسۇلمانلار نېمىشقا مەسىھ مۇخلىسلار ئوقۇۋاتقان مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى توغرۇلۇق غەلىتە گۇمانلاردا بولۇپ يۈرىشىدۇ؟ ئىنجىلنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئاننىڭ ئىنجىل توغرۇلۇق بەرگەن ئىسپاتىغا سەل قارىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قۇرئانغا سەل قارىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ «ئىنجىل ئۆزگەرتىلىپ كەتكەندى» دەپ ئەڭ چىڭ تۇرۇۋالغان ئادەملەرنى قۇرئان ھەم قۇرئاندا دېيىلگەن بەزى تەستىقلارغا بىنائەن «ئەڭ ئازغۇن تاپقان ئادەملەر» دېگىلى بولماسمۇ؟

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، بىزنىڭ مەسىھىي دوستىمىز ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرى بىلەن ئىنجىل توغرۇلۇق ئورتاقلىشىشقا داۋاملىق تىرىشىشقا ئىلھاملاندى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان دوستلىرى بىلەن مۇشۇ ئىسپاتلار ئارقىلىق تالاش-تارتىش قىلىشنى خالىمىدى، بەلكى پەقەتلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قۇرئاندىن مۇشۇ ئىسپاتلارنى بىر كۆرۈپ چىقىشنى ھەم مۇشۇ ئىسپاتلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرىنى سىلىقلىشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىشنى باپ كۆردى. مۇشۇ ئىسپاتلارنىڭ

ئۆز دوستلىرىنىڭ ئىنجىلنى ئوقۇشىغا ياردەم بېرىشىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشىنى پۈتۈن قەلبى ۋە دۇئا بىلەن ئۈمىد قىلدى.

دوستۇم، بىزنىڭ مەسىھىي دوستىمىز بولسا مۇقەددەس ئىنجىلنىڭ شېرىن-شەربىتىدىن تېتىپ باققان ئەيسا مەسىھنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇخلىسلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار ئۈچۈن ئىنجىلنىڭ خۇش خەۋىرى ھەسەلدىن تاتلىق بولۇپ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يايرىتىدۇ. ئۇنىڭ خۇش خەۋىرى ئۇلار ئۈچۈن شۇنچە خۇشاللىنارلىق ئىشكى، ئۇلار خۇش خەۋەرنى بېخىللار ئالتۇننى ساقلىغاندەك ھەرگىزمۇ پىنهان ساقلىغۇسى يوق. ئۇلارنىڭ خوجايىنى، يەنى رەببى بولغان ئەيسا مەسىھ دەل ئۆزى جەننەتكە قايتىپ كېتىشىدىن سەل بۇرۇن ئۆزىنىڭ بارلىق مۇخلىسلىرىغا ئۇنىڭ خۇش خەۋىرىنى پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن ئورتاقلىششىنى بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن كېيىن، خۇدانىڭ ئۇلۇغ كىتابى بولغان ئىنجىل پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خۇدانىڭ خۇش خەۋىرى بولۇپ قالدى. كىممۇ ھەممىدىن قادىر خۇدانىڭ ئۆز كالام-سۆزىنى، يەنى مۇقەددەس تەۋرات ھەم ئىنجىلنى بۇرۇندىن تارتىپ ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى رەت قىلالىسۇن؟ ئۇ ئۆز كالام-سۆزىنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ كېلىشىگە قادىردۇر! ئامىن! مۇقەددەس ئىجىلنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئوقۇغىنىڭىزدا ھەممىگە قادىر خۇداغا دۇئا، مەدھىيەلەر بىلەن تەشەككۇر ئېيتىڭ!

«سۆزلىرىڭگە ئېرىشىپ، ئۇلارنى يەۋالدىم؛
سۆزلىرىڭ ھەم مېنى شادلاندۇرغۇچى ۋە
قەلبىمنىڭ خۇشاللىقى بولغان».
*(تەۋراتتىكى «يەرەميا» 15-باب، 16-ئايەت).*

(ئەيسا مەسىھ دېدى...)
«ئاسمان-زېمىن يوقىلىدۇ، بىراق مېنىڭ سۆزلىرىم
ھەرگىز يوقالمايدۇ!»
*(ئىنجىل «لۇقا»، 21-بابتىن)*

«بەرھەق، بەرھەق، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ
قويايكى، سۆزۈمنى ئاڭلاپ، مېنى ئەۋەتكۈچىگە
ئىشەنگەن ھەركىم مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن
بولىدۇ؛ ئۇ ئادەم سوراققا تارتىلمايدۇ، بەلكى
ئۆلۈمدىن ھاياتلىققا ئۆتكەن بولىدۇ»
*(ئىنجىل، «يوھاننا» 5-باب 24-ئايەت).*

« - سىلەر نېمىشقا مېنى «رەب! رەب!»
دەيسىلەريۇ، بىراق سىلەرگە ئېيتقانلىرىمغا ئەمەل
قىلمايسىلەر؟ ئەمىسە، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ،
سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلغان ھەركىمنىڭ
كىمگە ئوخشىغانلىقىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ بېرەي.
ئۇ خۇددى چوڭقۇر كولاپ، ئۇلىنى قورام تاشنىڭ

ئۇستىگە سېلىپ ئۆي سالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. كەلكۈن كەلگەندە، سۇ ئېقىمى ئۇ ئۆينىڭ ئۇستىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلغىنى بىلەن، ئۇنى مىدىر-سىدىر قىلالمىدى، چۈنكى ئۇ پۇختا سېلىنغان. لېكىن سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئەمەل قىلمايدىغان كىشى بولسا، قۇرۇق يەرنىڭ ئۇستىگە ئۇلسىز ئۆي سالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. كەلكۈن ئېقىمى شۇ ئۆينىڭ ئۇستىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۇ ئۆرۈلۈپ كەتتى؛ ئۇنىڭ ئۆرۈلۈشى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى!»

*(ئىنجىل، «لۇقا» 6-باب، 46-49-ئايەت).*

«چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيىدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرىنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر

*(ئىنجىل، «يوھاننا» 3-باب 16-ئايەت).*

«تىرىلىش ۋە ھاياتلىق مەن ئۆزۈمدۇرمەن؛ ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشى ئۆلسىمۇ، ھايات بولىدۇ؛ ۋە ھايات تۇرۇپ، ماڭا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەس»

*(ئىنجىل، «يوھاننا» 11-باب 25-ئايەت).*

**«مەڭگۈلۈك ھايات شۇكى، بىردىنبىر ھەقىقىي خۇدا – سېنى ۋە سەن ئەۋەتكەن ئەيسا مەسىھنى تونۇشتىن ئىبارەتتۇر»**

*(ئىنجىل، «يوھاننا» 17-باب 3-ئايەت).*

**«مەن مەسىھ توغرىسىدىكى بۇ خۇش خەۋەردىن ھەرگىز خىجىل بولمايمەن! چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئالدى بىلەن يەھۇدىيلارنى، ئاندىن كېيىن يەھۇدىي ئەمەسلەرنى نىجاتقا ئېرىشتۈرىدىغان خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدۇر!»**

*(ئىنجىل، روسۇل پاۋلۇس رىملىق جامائەتتىكىلەرگە يازغان مەكتۇپ («رىملىقلارغا»)، 1-باب 16-ئايەت).*

(ئىزاھات ــ يۇقىرىقى قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى مۇھەممەد سالىھ تەرجىمە قىلغان 1986-يىلى 11-ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئېلىندى).

«ئىنتېرنېت»تىن پايدىلىنىدىغان بولسىڭىز، «www.mukaddeskalam.com»دىن مۇقەددەس كىتابنىكى بارلىق قىسىملارنى چۈشۈرگىلى بولىدۇ.